# جەسۇر ھەبىبۇللا

UTFW2-051 - Jasur Habibullah

1. مىنىڭ ئىسمىم جەسۇر ھەبىبۇللا، مەن 1970- يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ۋەقەگە كەلسەك: مەن 2019-يىلى 8-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەتراپىدا، تۇيۇقسىز مەن تونۇمايدىغان بىرسىنىڭ ۋاتسىپى مىنى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇ بالا تۈركىيەدە تۇرىدىغان بالىكەن. مىنىڭ ۋەتەندىكى يېقىن دوستۇم نەچچە ئاي بۇرۇن تۈركىيەگە بېرىپ بالىلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ماڭا نەۋرە ئىنىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ئۇ بالا. ھەم ئۇ دوستۇمنىڭ پات ئارىدا ياۋروپاغا ياكى دۇبەيگە ساياھەتكە بارىدىغانلىقىنى تۈركىيەدىكى نەۋرە ئىنىسى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزمەكچى ئىكەن. شۇ چاغدا مەن ئېيتتىم ئەمدى: كۆرۈشسەك بولىدۇ، ياۋروپا بولسا مەن ئۈچۈن ئاسانراق، دۇبەي تەرەپلەرگە ھازىرچە چېگرىدىن ئۆتۈپ بولالمايمەن دېدىم.
2. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ماڭا گەپ قىلدى: ماڭا تېلېفون قىلغان بولسىلا دېدى . شۇنىڭ بىلەن ۋەتەنگە تېلفۇن قىلىش خەتەرلىك تۇرسا دېسەم، تېلفۇن قىلىۋېرىڭ دەيدۇ، دوستىڭىز بىخەتەر دىگەن. شۇنىڭ بىلەن دوستۇمغا تىلىفۇن قىلدىم. دوستۇم: ياۋروپاغا ۋىزا ئالالمىدۇق دۇبەيگە بارغان بولساق دېدى. ئاشۇ يەردە بىر كۆرۈشسەك دېدى.
3. ئۇ ۋاقىتلاردا يېڭىدىن خىزمەتكە چۈشكەن ۋاقتىم بولغاندىكىن رۇخسەت ئالغۇم كەلمىدى. ئارىلىقتا يەنە ئىككى ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۇ دوستۇم جىددىي تىلىفۇن قىلغان بولساڭ دىگەندىكىن تىلىفۇن قىلدىم. ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىمىز بارتى، ئۇنى چوقۇم يۈزتۇرانە دېيىش كېرەك دېدى. تىلىپۇندا دىگىلى بولمايدۇ، سەن جىددىي پاسپورتلىرىڭنى ئەۋەتىپ بەرگەن بولساڭ نەۋرە ئىنىمگە دېدى . شۇنىڭ بىلەن باشلىقىمدىن رۇخسەت ئالدىم، رۇخسەت ئېلىش جەريانىدا ئۇ خوجايىنىممۇ ئۇزۇن يىللىق دوستۇڭ بىلەن كۆرۈشىدىكەنسەن دېدى.(باشقا نۇرغۇنلار بولسا توسقۇنلۇق قىلدى بارمىغىن دەپ، بولۇپمۇ ئۇرۇق تۇغقانلىرىم .)

4. 9-ئاينىڭ 9-كۈنى ئۈچتۈم مۇشۇ يەردىن، ئۈچۈشنىڭ ئالدىدا ئايرۇپلان بېلەتلىرىنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى خوجايىنىمغا يوللاپ بەردىم. چۈنكى ماڭا بىر ئىش بولۇپ قالسا ئىزدىرىكىمنى قىلىدىغان بىردىن بىر خوجايىنىم بار. دۇبەيگە باردىم، بارسام ئالدىمغا دوستۇم بىلەن يەنە ئىككى ئۇيغۇر بالا چىقتى. بىرەر يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھېلتون دېگەن مېھمانخانىغا ئېلىپ باردى. شۇ يەردە تاماق يېگەن بولدۇق. شۇ كۈنى تاماق يىگەچلام مەن بىلەن سۆزلەشتى، جەسۇر نېمىش قىلىۋاتىسەن ، ئاڭلىساق باغۋەنچىلىك قىلىۋېتىپسەن ، بۇ بەك جاپا ئىش، سودا قىلىشنى ئويلاشمىدىڭمۇ دېدى، نېمە سودا دېسەم ئاخىرى دېدى: بىزنىڭ دېگەن ئىشىمىزغا كەلسەڭ، بىزدە بىر كىچىك دېسكا بار. سەن ئاسيەنىڭ كومپيوتىرسىغا سەپ قويساڭلام بولدى دەپ ئېيتتى.
5. ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ئايرودۇرۇمدا كۆرۈشكەن ۋاقتىدا ناھايىتى سوغۇق بىر خىل كۆرۈشكەن مەن بىلەن، ماڭا ئەمدى بىر خىل شەرەپ بەردى دە، شۇنىڭ بىلەن چۆنتەككە چۈشۈپتىمەن دېدىم. مەن ئۇ كۈنى جاۋاپ بەرمىدىم، ئەتە ئۆگۈن جاۋاپ بىرەي دەپ. ئەمما قىلمىساڭمۇ بولىدۇ،ھازىر جاۋاب بەرسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ دېدى. يەنە كېچىچە ئويلىدىم، ئەگەر مەن قىلمىسام باشقىلارنى چوقۇم ئەۋەتىدۇ ئاسيەنىڭ يېنىغا، باللىرىم بولغاندىكىن خەتەرلىك دەپ ئولتۇردۇق ، بىر نەچچە كۈن ئۇ يەر بۇيەرگە ئېلىپ باردى، ياتاقتا بولدۇق. ئۈچۈنجى كۈنى يەنە دۇبەيدىكى باشقا مېھمانخانىغا يۆتكىدى. يۆتكەش جەريانىدا يەنە بازارغا چىقىپ ئۇنى بۇنى دەپ بىر نەرسلەرنى ئېلىپ بىرىمىز دەپ ئادەم ئالدايدىغان ئىشلارنى قىلدى يەنە.
6. ئەتىسى ماڭىمەن دېگەن كۈنى (مەن بارغان بىرىنچى كۈنى پاسپورتۇمنى ئېلىۋالغان ئۇلار قايتىش بىلىتىنى ئېلىپ بىرىمىز دەپ) مىنى ياندىكى ياتاقتا چىقايلى ئىككىمىز دەپ (ئوتتۇرىلىقتا بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن: بىرىنچى كۈنى ئۇ ئادەم كىچىك دېسكىنى دېگەچ، ئۆزىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچى كۈنى ياندىكى ياتاقتا چاقىرىپ ئەكىردى، ئىشىكنى ئاچقىنى بىر خىتتاي ئىدى، ئۇيغۇرچىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيدىغان

خىتتاي ئىدى، كىرگەندىكىن ۋەتەننىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر ئېيتىپ،
ئاپاڭنى سېغىنىدىڭمۇ، ۋەتەننى سېغىنىدىڭمۇ، بەك جاپا تارتىپ
ئىشلەۋېتىپسەن، بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىسەڭ تۇرمۇشۇڭ پارلاق
بولۇپ كېتىدۇ دېدى.  خالىغان ۋاقتىڭدا خىتتاي كونسۇلىغا بارساڭ
ۋىزىنى بېرىدۇ، ياكى تۈركىيەگە بارارسەن ياكى ۋەتەنگە بارارسەن،
خىراجەتلىرىڭنى بىز كۆتۈرىمىز، ھەمكارلاشساڭلا بولدى، بىز ھازىر
كۈچىيىپ كەتتۇق، ئامېرىكا بىلەنمۇ شەرتلىرىمىزنى قويالايمىز. بىزنىڭ
ئاشۇ گوللاندىيەدىمۇ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز بار دېگەندەك تەھدىت
ئارىلاش سۆزلەرنى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن كومپيوتېر ئىشلىرىنى
بىلمەيمەن دېسەم، تېخنىكىلىق خادىملىرىمىز كېلىپ ئۆگىتىپ قويىدۇ
دېدى. )

7. ئۇ، بىزنىڭ ۋەتەننىڭ جەنۇب تەرەپتىكى بىر لاگېرنىڭ تىزىملىكى
ئاشكارىلىنىپ چىكىتىپتۇ. بۇ تىزىملىك ئاسىيانىڭ كومپيوتېرىدىكەن.  سەن
بۇنى ئاسىيەنىڭ كومپيۇتېرىغا سالساڭلا بولدى. بىز ئاشۇ ئادەمنى
تۇتماقچى. سەن بۇلاردىن ئەنسىرەپ كەتمە دېدى. ماقۇل دېدىم.
ئۇنىڭدىن كېيىن تېخنىكىلىق خادىم كېلىپ ئۆگەتكەن بولدى ماڭا.
ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا پاسپورتلارنى، كىچىك دېسكىنى بەردى. ئەتىسى
مىنى ئايرۇدورۇمغا ئەپ چىقىپ قويدى.

8. تامۇجىندىن ئۆتكەندە بۇ نەرسەڭلار سايراپ كىتەمدۇ دەپ سورىسام
ياق خاتىرجەم بول نۇرغۇن قېتىم سىناقتىن ئۆتكەن نەرسە دەپ
خاتىرجەم بولغىن، بېرىپ مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋەتكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن
سەن بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئادەم بار، ئەگەر قىلمىساڭمۇ سەن بىلەن
ئالاقىلىشىدىغان ئادەم بار دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تېلېفونۇڭغا ئۈندىدار
چۈشۈرۈپ بېرىمىز دەپ بىر سائەتتەك ھەپىلىشىپ چۈشۈرەلمىدى
ئۈندىدارنى. شۇنىڭ بىلەن تۈركىيەدىكى باللار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇر
دېدى. ھە ماقۇل دەپ قايتىپ كەلدىم. قايتىپ كىلىش بىلەتلىرىمنىمۇ
خوجايىنىمغا ئەۋەتىپ تۇردۇم. قايتىپ كەپ ئۇدۇل ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ بولغان ئىشلارنى دېدىم. ئەمدى بولسا مۇشۇ كىچىك دېسكىنى
سىزنىڭ كومپيوتېرىڭىزغا سالايلى ئەمما كومپيوتېرىڭىزدىكى

ھۆججەتنى باشقا كومپيوتېرغا يۆتكىۋىلىش، چۈنكى بۇلار ۋاقتى كەلگەندە مەن بىلەن كۆرۈشىدۇ ، شۇ بانادا ئازراق بولسىمۇ باشقا يوللارنى تاپايلى دەپ، ئەڭ ئاخىرى ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشلارغا ئاجىزلىق قىلىدىغىنىمىزنى بىلىپ ساقچىلارغا خەۋەر قىلايلى دەپ ساقچىغا خەۋەر قىلدۇق. ئەتىسى يەنە شۇ (كېچىچە ) ئەنسىرەش بار دە بىر خىل. ئەتىسى ئەتىگەندە خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە باردىم. بېرىپ دەپ بەردىم. ھەم ئاسىيە بىلەن بالىلارنى بولسا مىنى ئاشۇ ئامېرىكىغا، ئامېرىكا كونسۇلىغا تىزىملىتىپ بەرگەن بولساڭ مۇشۇلارنى ئىلىپ قاچقان بولسام دېدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا خىتتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد جەھەتتىن ئۇرۇش بولغاندىكىن ئازراق پايدىسى بولۇپ قالارمىكىن دەپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوجايىنىممۇ توختاپ تۇر ئىككى يول بار. بىرىنجىسى: مەن دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىگە تېلېفۇن قىلاي، ئۇلار نېمە دەيدۇ ئاڭلاپ باقايلى. ئەگەر بولماي قالسا ئاۋۇ يولنى ماڭايلى دېدى. دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىمۇ ياخشى جاۋاپ بەردى. ھېچ يەرگە بارمايدۇ ئۇلار ، ھازىردىن باشلاپ قوغداش ئاستىدا دېدى.

9. شۇ ئارىلىقتا بىر ھەپتە جەريانىدا نۇرغۇنلىغان تېلېفونلار كەلدى، ئالمىدىم. شۇ ئەمدى ئاساسى جەھەتتىن بولغان ئىشلار شۇ. ئۆزۈمنىڭ تەسىراتىغا كەلسەم: بۇرۇنمۇ بىلگەن ئەمما بۇنداق رەزىللىكىنى بىلمىگەن.

10. خوجايىنىم دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، مۇشۇ گوللاندىيەنىڭ بىر داڭلىق ژۇرنالىست بۇنى تېز سۈرەتتە ئاشكارلايلى مۇخبىرلار ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوغداشىمۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دەپ،ئاساسەن ئىشلار مۇشۇنداق بولدى.

11. ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن تۈركىيەدىكى بالا ۋاتساپتا خەت يېزىپتۇ ئىشلار قانداق بولدى، ھاجىمكام بەك سوراپ كېتىپ باردۇ دەپ، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ قول سالىدىغان پۇرسەت بولمىدى دەپ قويدۇم. مۇخبىردىن قاچان گېزىتكە چىقاركىن بۇ خەۋەر دەپ يەنە شۇ دەككە دۈككىدە يۈردۇق. شۇ جەرياندا ئاپامنى تولا ئىزدەپ بېرىپتۇ. كىچىك

ھەدەمنىمۇ ئىزدەپ بېرىپتۇ. جەسۇر ئەمدى خىتتايدا ئىككى دۆلەتنىڭ گىراژدانى بولسا بولمايدۇ. جەسۇر بىزگە پاسپورتىنىڭ نومۇرىنى رەسىمگە تارتىپ ئەۋەتىپ بەرگەن بولسا دەپ تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدىم: بىزنىڭ گوللاندىيەدە ئۆزىنىڭ شەخسى ئارخىپلىرىنى باشقىلارغا بەرگىلى بولمايدۇ، ئۇ خىلاپ، سىلەرگە كېرەك بولسا ئىسپاتىڭلارنى ئەۋەتىڭلار، مۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇنداق قىلىمىز دەپ، شۇ ئىسپاتنى مەن ساقچىلارغا كىرىپ ساقچىلارنىڭ رۇقسىتىنى ئالغاندىن كېيىن مەن يوللايمەن دېسەم يوقاپ كەتتى، بېسۋەتتى. ماۋۇ يەردىكى ساقچىلارمۇ ئەڭ ياخشىسى ئالاقىلاشما، ئالاقىلىشىپ قالساڭ ئۆزۈلمەيدۇ بۇ ئىشلار دېدى. ئاپامنىڭ خەۋىرىنى ئۇرۇق تۇغقانلاردىن ئالدىم. ساقچىلارمۇ تۇرماي ئىزدەپ يۈرۈپتۇ ئاپانىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ. ئاپام 85 ياشقا كىردى، ماڭا چوڭ ئاچام دېدى: ئاپام ئىككى قېتىم ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرىپ چىقتى . يېرىم كېچىدە دوختۇرخانىدىن قېچىپ دەرەخلەرنىڭ كەينىگە ئۆتىۋالدىكەن. بەك ئېچىنىشلىق ئىشلار ئۇنى ئويلىسام كۆڭۈل يېرىم بولىدىغان گەپ. شۇ ئۆزى تەھدىت دېگەن گەپ، ئۇ كىچىك ئاچامنىمۇ ئۈرۈمچىدىن باشقا يەرگە بارساڭ بولمايدۇ دەپ، ئاشۇ ھەرخىل تەھدىت (خىتتاينىڭ تەھدىتلىرى ھەرخىلغۇ)

12. كىچىك دېسكىنى ساقچىغا بەردۇق، ساقچىلار ئۇنى ئەمدى بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ئىشكەن. ئۇنى دۆلەت بىختەرلىك ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ . ئارلىقتا بىر ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى، بۇنى ساڭا دەپ بەرمەيمىز دەپ. يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاسيەگە تېلېفون قىپتۇ، ھە بۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم نەرسىلەر باركەن. بۇ نەرسە ئارقىلىق خىتتاي دىپلوماتلىرى بىلەن كۆرۈشىمىز دەپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك دېسكىنى قايتۇرۇپ بەردى.

13. دۈبەيدىكى ۋاقتىمدىمۇ كىچىك دېسكىنى ئېچقان. ئۇنىڭ ئىچىدە داڭلىق ناخشىچىمىز ئابدۇللاھ ئابدۇرېھىم، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپامنىڭ يېقىن

دوستى بىلەن يەنە بىر مۇشۇ دولقۇن دېگەن ئادەم(دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ بىرەر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئوخشايدۇ) ئاپامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئالغان ۋىدىيوسى باركەن، بار مىنىڭ تېلېفونۇمدا ، ئەمدى ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە قانداق تېخنىكىلىق نەرسىلەر بار، دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەكشۈرۈپ ئاسىيەگە تېلېفون قىلىپتۇ: بەك مۇھىم نەرسە باركەن، خىتتاي دىپلوماتلىرى بىلەن كۆرۈشىمىز دەپ. هازىر قايتۇرۇپ بەردى بۇنى قولىمىزغا.

14. دوستۇمدىن باشقا ئۇ بىرىنچى كۈنى ئۆزىنى دېگەن ئادەم ئىسمى دۆلەتكەن، خىتتايلار ئۇنى دوزۇڭ دەپ چاقىرىدىكەن، دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىكى باشقارمىنىڭ باشلىقكەن ، ئۇنى ئېنىق دېمىدى. ئۆزىنى دۆلەت دەپ تونۇشتۇردى ماڭا.

15. يەنە بىر گەپنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن: ئۈچىنچى كۈنى مىنى ئاشۇ خىتتاينىڭ ياتىقىغا ئەكىرىشىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر ئۇيغۇر بالىنىمۇ ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇيغۇر بالا بىزگە نەچچە كۈن شوپۇرلۇق قىلغان بالا. بۇ بالىمۇ دۆبەيدە تۇرىدىغان بالىكەن ئوقۇيدىغان. ئۇ بالىنىڭمۇ كامېراسى بار مەندە، شۇنداق تېز ئوغۇرلۇقچە تارتىۋالغان كامېرا. بەلكىم باشقا ئىسپاتلارغىمۇ سەۋەپ بولۇشىمىز مۇمكىن، ئاشۇ دۆلەت دېگەن ئادەمنىڭ رەسىملىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ياتقان مېهمانخانا ، ئايرۇپىلان بېلەتلەر ،ئاپامنىڭ ۋىدىئولىرىدىن تارتىپ بار بولىشى مۇمكىن. بولمىسا مەن ئەۋەتىپ بەرسەممۇ بولىدۇ. هەتتا ئاشۇ هېلىقى تۈركىيەدىكى مەن بىلەن كۆرۈشكەن بالىنىڭمۇ ۋاتساپ نۇمۇرى بار. ئاساسى جەهەتتىن ئىشلار مۇشۇ.

**مەن بۇ گۇۋاهلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم هەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاهلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاهىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى هەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**